# كومىتېتقا تەكلىپ سۇنۇش

سىز كومىتېتقا تەكلىپ-پىكىرلىرىڭىزنى يوللاشقا دەۋەت قىلىنىدىڭىز. كومىتېت بارلىق جامائەت ئەزالىرىنىڭ كانادا فېدېراتسىيەسىنىڭ سايلام جەريانىغا ۋە دېموكراتىك ئورگانلىرىغا چەتئەللىك ئارىلىشىش مەسىلىسىدىكى تەجرىبىلىرى، كۆزىتىشى ۋە پىكىرلىرىنى قارشى ئالىدۇ. "دېموكراتىك ئورگانلار" پارلامېنت ۋە ئىجرائىيە تارماقلىرىغا قارىتىلىدۇ.  سىز تۆۋەندە تەكلىپ-پىكىر يوللاش كۆرسەتمىسىنى تاپالايسىز.

مەزكۇر كومىتېتنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، چەتئەللىك ئارىلىشىشىغا ئالاھىدە ئاجىز كېلىپ قېلىشى مۇمكىن بولغان مىللەت ۋە ئېتنىك گورۇپ ئەزالىرىنىڭ تەجرىبىلىرىنى تەكشۇرۇش ۋە دوكلات قىلىشتۇر. دىئاسپورادىكى جامائەت ئەزالىرىنىڭ كومىتېتقا يازما شەكىلدە تەكلىپ - پىكىرلىرىنى يوللىشىنى قارشى ئالىدۇ.

٢٠٢٤ - يىلى  ٧- ئاينىڭ ٣١- كۈنىدىن بۇرۇن تاپشۇرۇۋالغان بارلىق تەكلىپ- پىكىرلەر كومىتېت تەرىپىدىن ئوقۇلىدۇ ۋە قاراپ چىقىلىدۇ.

## كومىتېتقا يوللىنىدىغان تەكلىپنى تەييارلاش كۆرسەتمىسى

تەكلىۋىڭىزنى قانچە بالدۇر يوللىسىڭىز شۇنچە ياخشى. تەكلىپىڭىزنى قاچان تاپشۇرۇش ھەققىدە تەپسىلى ئۇچۇرلار ئۈچۈن «مۇھىم چېسلا» قىسمىغا قاراڭ.

٢٠٢٤-يىلى ٧-ئاينىڭ ٣١-كۈنىدىن بۇرۇن تاپشۇرۇۋالغان بارلىق تەكلىپلەر كومىتېت تەرىپىدىن تەپسىلى كۆرۈلۈپ چىقىدۇ. سىزنىڭ تەكلىۋىڭىز بەلكىم يازما دوكلاتتا ياكى كومىتېتنىڭ ئاشكارا گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى مەزگىلىدە كومىتېتتا تىلغا ئېلىنىشى ياكى نەقىل قىلىنىشى مۇمكىن. سىز بىزگە بۇ ھەقتە بىزگە ئېنىق رۇخسەت بەرمىگۈچە، كومىتېت سىزنىڭ ئىسمىڭىز ياكى ئېلخەت ئادرېسىڭىز قاتارلىق شەخسى ئۇچۇرىڭىزنى ئېلان قىلمايدۇ. سىز تەكلىۋىڭىزنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ياكى نەقىل قىلىنىشىنى خالىمىسىڭىز ئېنىق قىلىپ «مەخپى» دەپ ئىشارەتلەڭ. تەكلىۋىڭىزنى يوللىغاندا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا دىققەت قىلىڭ:

- كەچۈرمىشىڭىزگە ئائىت پاكىتلارنىڭ قەيەردە يۈز بەرگەنلىكىنى كونكرت ئېيتىڭ.
- كومىتىتقا بىلدۈرمەكچى بولغان ئەڭ مۇھىم نۇقتىغا ئەھمىيەت بېرىڭ.
- ئىخچام ۋە نۇقتىلىق بايان قىلىڭ.

تەكلىۋىڭىزنى تاپشۇرغاندا ئۆزىڭىز خالىغان تىلدا تاپشۇرسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر فىرانسۇزچە ياكى ئىنگلىزچىدىن باشقا تىلدا يوللىسىڭىز، قايسى تىلدا يازغانلىقىڭىزنى مەكتۇپىڭىز بېشىدا ئەسكەرتىپ قويۇڭ.

تۆۋەندىكى سوئاللار سىزنىڭ تەكلىۋىڭىزنى يېزىشتا ياردەمچى بولغۇسى:

- **سىز كىم؟** مەسىلەن يېشىڭىز، كەسپىڭىز(ئەگەر بولسا)، ۋە دىئاسپورادىكى جامائەتلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز قاتارلىقلارنى تىلغا ئالسىڭىز بولىدۇ.
- **كانادا فېدېراتسىيە سايلىمى ياكى دېموكراتىك تەرتىپكە قاتناشقانمۇ؟** سىياسى پارتىيەلەرگە ئەزا بولۇپ باققانمۇ؟ پارتىيە ئىچىدە خىزمەت قىلىش تەجرىبىڭىز بارمۇ؟ نامزات تاللاش، ئىئانە توپلاش، تەشۋىقات قىلىش ۋە سايلام خىزمەتلىرى دېگەندەك.
- **چەتئەلنىڭ فېدېراتسىيە سايلاملىرىغا مۇداخىلە قىلىشى ياكى دېموكراتىك تەرتىپكە مۇداخىلە قىلىشى ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىسىز؟** چەتئەللىكلەرنىڭ مۇداخىلە قىلىدىغانلىقىنى قانداق بىلدىڭىز؟ ۋە سىز شەخسەن كانادانىڭ فېدېراتسىيە سايلىمىغا ياكى دېموكراتىك جەريانلىرىغا ئارىلىشىشقا تەمشىلگەن چەتئەللىك بىرىنىڭ نىشانى بولۇپ باققانمۇ؟
- **كانادا فېدېراتسىيە سايلىمى ياكى دېموكراتىك جەريانغا چەتئەلنىڭ مۇداخىلە قىلىشى سىزگە قانداق تەسىر كۆرسەتتى؟** پايدىلىق ئۇچۇرلار بولسا سىزنىڭ ساغلاملىقىڭىزغا، كىشىلىك مۇناسىۋىتىڭىزگە، خىزمەت ھاياتىڭىزغا، ياكى سىز بېشىدىن ئۆتكەن كەچۈرمىشىڭىزگە قارىتا ھەرقانداق تەسىر كۆرسىتىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنداقلا قانۇن ئىجرا قىلىش ياكى ھۆكۈمەت تارماقلىرى، مۇلازىمەت، ياكى چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشقا مۇناسىۋەتلىك ۋاستىچى ئورگان قاتارلىق ھوقۇقدارلار ۋە مەنبەلەر بىلەن بولغان ھەر قانداق ھەمتۇرتكە ئۇچۇرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
- **چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا قانداق جاۋاپ ياكى ئىنكاس قايتۇردىڭىز؟** پايدىلىق ئۇچۇرلار بولسا سىزدە قانۇن ئىجراسى ياكى ھۆكۈمەت تارماقلىرى، مۇلازىمەت، ۋاستىچى ئورگان ياكى چەتئەل ئارىلىشىشقا مۇناسىۋەتلىك مۇستەقىل فېدېراتسىيە تەشكىلاتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر سىز بۇ ئورگەنلار بىلەن چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا ئىنكاس قايتۇرۇشتا ياردەم تەلەپ قىلغان ياكى قوبۇل قىلغان بولسىڭىز، كومىتېت بۇ ياردەمنىڭ قانچىلىك ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى بىلىشكە ۋە يەنە نېمىلەرنىڭ سىزگە ياردەم بېرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بېقىشقا قىزىقىدۇ.
- **كومىتېتنىڭ يەنە نېمىلەرنى بىلىشنى ياكى مۇلاھىزە قىلىشنى خالايسىز؟** پايدىلىق ئۇچۇرلار بولسا چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا دۇچ كېلىشى، توسقۇنلۇقىا ئۇچرىشى ياكى زەربە بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك ھەرقانداق تەكلىپ ياكى بايقاشقا ئالاقىدار تەۋسىيەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، شۇنداقلا چەتئەلنىڭ ئارىلىشىشىغا دۇچ كېلىش مۇمكىن بولغان كىشىلەرنى قوغداش ياكى قوللاشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## كومىتېتقا سۇنۇشىڭىزنى يوللاڭ:

سىز تەكلىۋىڭىزنى كومىتېتقا تۆۋەندە بايان قىلىنغاندەك ئېلخەت، پوچتا، سىگنال شىفىرلانغان خەت يوللاش ئەپ دېتالى ئارقىلىق يوللىسىڭىز بولىدۇ. ئەگەر تەكلىۋىڭىز ھەققىدە ھەر قانداق سوئالىڭىز بولسا، ياكى سىز تەكلىپىڭىزنى تاپشۇرالمىغان بولسىڭىز consultation@pifi-epie.gc.ca ئېلخەت ئادىرىسىمىز ئارقىلىق تېلفۇن نۇمۇرىڭىزنى تەمىنلىسىڭىز، سىز بىلەن ئالاقىلىشىمىز.

## ئېلخەت:

تۆۋەندىكى ئېلخەت ئادرىسى ئارقىلىق كومىتېتقا تەكلىپ - پىكرىڭىزنى يوللاڭ:

consultation@pifi-epie.gc.ca

## سىگنال:

شىفىرلانغان ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كومىتېتقا ئۇچۇر تەمىنلەشنى خالىسىڭىز، سىگنال - Private Messenger ئەپ دېتالى ئارقىلىق يوللىيالايسىز. كومىتېتنىڭ سىگنال ئىشلەتكۈچى نامى:signal_pifi_epie20.24

## خەت ئادرېسى:

تۆۋەندىكى ئادرىسقا پوسۇلكا ئارقىلىق تەكلىۋىڭىزنى يوللىيالايسىز.

Public Inquiry into Foreign Interference
90 Sparks St
Basement- 04
Ottawa, ON  K1A 0H9

## مۇھىم ۋاقىتلار:

بۇ كومىتېت ٢٠٢٤-يىلى كۈزدە ئاشكارا گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنى ئۆتكۈزىدۇ، بۇ يىغىندا كومىتېتنىڭ فېدېراتسىيە ھۆكۈمىتىگە بېرىدىغان تەكلىپلىرى مۇلاھىزە قىلىنىدۇ . بۇ گۇۋاھلىق بېرىش يىغىنىنىڭ ۋاقتىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھەرقانداق تەكلىپ - پىكرىنى ٢٠٢٤-**يىلى ٧-ئاينىڭ ٣١-كۈنىدىن** بۇرۇن تاپشۇرۇپ بولۇش كېرەك.